# مۇئەززىن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە

ئۆمەر ئىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئەززىن: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار: ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېگەندە، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن نامازغا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېگەندە، چىن دىلىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

ئەزان بولسا؛ كىشىلەرگە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشتۇر، ئەزان كەلىمىلىرى ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ جۈغلانمىسىدۇر. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەزاننى ئاڭلىغاندا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئەزاننى ئاڭلىغۇچى مۇئەززىن دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى دېيىشتۇر. مۇئەززىن ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەندە، ئاڭلىغۇچىمۇ: ئاللاھۇ ئەكبەر دېسە، شۇنىڭدەك، مۇئەززىن نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەندە، ئەزاننى ئاڭلىغۇچى: بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەزان كەلىمىلىرىنى چىن دىلىدىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇئەززىن بىلەن بىرگە تەكرار دېگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئەزان كەلىمىلىرىنىڭ مەنىسى: " ئاللاھۇ ئەكبەر" يەنى ئاللاھ تائالا ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ھەممە نەرسىدىن كاتتىدۇر، ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكتۇر. ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. يەنى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، يەنى: مەن دىلىم بىلەن ۋە تىلىم بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تىلىم ۋە دىلىم بىلەن ئىقرار قىلىمەن دېمەكتۇر. مۇئەززىن نامازغا كېلىڭلار دېگەندە بۇنى ئاڭلىغۇچى: بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ يەنى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى توسىدىغان چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ۋە ئۇنى قىلىشقا بولغان ئىرادە، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا بولغان كۈچ پەقەت ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بولىدۇ. "نىجاتلىققا كېلىڭلار" يەنى نىجاتلىقنىڭ سەۋەبىگە كېلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ جەننەت بىلەن ئۇتۇق قازىنىش، دوزاختىن قۇتۇلۇشدۇر.